# 175176 ـ ئايالنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئايالنىڭ بولۇشى بىلەن خىلۋەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالامدۇ؟

**سۇئال**

ئايالىم ئۆيدە گاز تۆگىگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، گاز تۈگىنى ئالماشتۇرۇش زۆرۈر ئىدى، مەن ئۆيدە ئەمەس، گاز تارقاتقۇچى ئۆيگە كىرىپ يېڭى گاز تۈگىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىپ كەتسە بولامدۇ؟، ئايالىمنىڭ يالغۇز قالماسلىقى ئۈچۈن يەنە بىر ھەمشىرە بىرگە بولسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپتۇر.

1- بارلىق دىنى ئالىملارىيات ئايال بىلەن يات ئەرنىڭ يالغۇز جايدا بىرگە تۇرۇشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ياتئەركىشىمەھرىمىبولمىغانياتئايالبىلەنيالغۇزقالمىسۇن. [بۇخارى رىۋايىتى 5233-ھەدىس، مۇسلىم رىۋايىتى 1341- ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "يات ئەر يات ئايال بىلەن ئۈچىنچى بىر كىشى بولمىغان بىر جايدا يالغۇز قىلىشى، بارلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن چەكلەنگەندۇر يەنى ھارامدۇر". [سەھىھ مۇسلىمشەرھى 9- توم 109- بەت].

ئىمام سەنئانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىس،ئەر كىشىنىڭ يات ئايال بىلەن بىر جايدا يالغۇز قىلىشىنىڭ ھاراملىقىنى ئىسپاتلايدۇ.بۇ بارلىق دىنى ئالىملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدۇر". [سۇبۇلۇس سالام 1- توم 608 ـ بەت].

2- قىز-خانىملار مەھرىمى ياكى يولدىشى ئۆيدە بولمىغان ھالەتتە، يات ئەركەكنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە تۆۋەندىكىدەك ئىككى شەرت ئاستىدا رۇخسەت قىلىدۇ:

بىرىنچى شەرت: بۇنىڭ ئۈچۈن يولدىشى رۇخسەت قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى شەرت: ئۇ ئايال ئۆيدە يالغۇز بولماسلىق بەلكى ئۇنىڭ يېنىدائوغلى، قېرىندىشى ياكى دادىسىغا ئوخشاشنىكاھلىنىشى ئەبەدىي چەكلىنىدىغان تۇغقانلىرىدىن بولغان مەھرىمى بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئايال بىلەن مەھرەم بولماستىن بەلكى باشقا بىر ئايال بولسىمۇخىلۋەت يەنى يالغۇز قىلىشىنىڭ چەكلىنىشى، بىرگە تۇرغان ئايالنىڭ ئىشەنچىلىك يەنى ئىماندار بولۇشى شەرت ئاستىدا ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى يېنىدىكى ئايال ئىشەنچىلىك بولغاندا يات ئەردىن ئەنسىرەشتىن خاتىرجەم بولىدۇ.

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "يات ئەر يات ئايال بىلەن ئۈچىنچى بىر كىشى بولمىغان بىر جايدا يالغۇز قىلىشى،

بارلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن چەكلەنگەندۇر. ئەمما ئەركىشى بىرنەچچە ئايال بىلەن بىر جايدا تۇرسا، توغرا قاراشتا جايىز دېيىلىدۇ. [سەھىھ مۇسلىمشەرھى 9- توم 109- بەت].

ئىمام سەنئانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ھەدىستە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتاندۇردەپ كەلگەن، يەنى مۇشۇنداق ھالەتتە مەھرەم بولالمايدىغان بىرى بۇلار بىلەن بىرگە بولسا يالغۇز قىلىش دېگەن ئۇقۇم يوق بولامدۇ؟ دېگەندە، يوق بولىدۇ. چۈنكى، ئۈچىنچى بىر شەخسنىڭ ھازىر بولۇشى بىلەن ئىككەيلەن ئارىسىغا شەيتاننىڭ پىتنە سىلىپ قويۇش قورقۇنچىسىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ. [سۇبۇلۇس سالام 1- توم 608].

خۇلاسە:سىز گاز يەتكۈزگۈچى خادىمنى، ئايالىڭىز يالغۇز قالمىغان ۋە يېنىدىكى يەنە بىر ئايالنىڭمۇ ئامانەتدارلىقىغائىشەنچ قىلالىغان شەرت ئاستىدا، ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىشىنى دۇرۇس دەپ قارايمىز. ئەسلىدە شەرئى پىرىنسىپدا، يۇقىرىقىدەك ئىشلار سەۋەبلىك، قىز_خانىملارنىڭيات ئەركىشىنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەتبېرىشى ئۈچۈن، يېنىدا مەھرەم بولۇشىلازىمدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىئاللاھدۇر.

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى